# 131495 ـ بىر كىشىنى ياخشى كۆرۈپ ئۇ كىشىنىڭ توي تەكلىپى قوبۇلىنى كۈتۈش توغرىسىدا

**سوئال**

تالاق قىلىنغان بىر ئايال پەقەت مەلۇم بىركىشى بىلەن توي قىلىشنى خالايدىكەن، ئۇ ئايالنىڭ ئارزۇسى ئاشۇ كىشى بىلەنلا توي قىلىش ئىكەن، يىللاردىن بىرى ئۇ كىشىنى ئىچىدىن ياخشى كۆرىدىكەن، ھەتتا ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ ئۇكىشىگە مۇناسىپ كېلىدىغانلىقى ئوچۇق قېلىپ توي قىلىشنى تەلەپ قىلىپتۇ، لېكىن ئەر كىشى ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر قىيىنچىلىقى **بولغانلىقى** ئۈچۈن ئۇ ئايالغا توي تەكلىپى قوبۇلىشقا قادىر بولالماپتۇ، ئۇ ئىككىيلەننىڭ ھېچ بىرى ھېچ بىر ئىش توغرۇلۇق ۋەدە قىلىشماپتۇ، ئايال ئۇ كىشىنىڭ توي تەكلىپى قوبۇلىشنى كۈتۈشنى قارار قىلىپتۇ، بۇ توغرا بولامدۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئايال ئەرگە سۆز قىلماپتۇ، ئايالغا بۇ ئىشتا گۇناھ بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئەگەر ئايال پىتنىگە چۈشۈپ قىلىشتىن ئەمىن بولسا، توي قىلىشنى ساقلاپ يىللارنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەمىن بولسا، ئۆزى ياقتۇرىدىغان كىشىنىڭ توي تەكلىپى قوبۇلىشنى كۈتۈپ تۇرسا توغرا بولىدۇ، لېكىن ئۆزى ئۇ كىشىگە سۆز قىلىشى ياكى ئۇچۇر ئەۋەتىشى توغرا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇكىشى ئايالغا نىسبەتەن يات ھېسابلىنىدۇ، بىز بۇ ئىش توغرىسىدا ئۇ ئايالغا نەسىھەت قىلمىساقمۇ، ئاللاھتىن ياردەم سورىشىنى، ئىشنىڭ ئاسان ۋە ياخشى بولىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز، ئايال ئۇ كىشىنى ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى،  پەقەت شۇ كىشىلا ماڭا مۇناسىپ كېلىدۇ دەپ قارايدۇ، ئىش ئۇنداق بولماي قالىدۇ، شۇنىڭ ئايال، بولۇپمۇ تالاق قىلىنغان ئايال ئۆزىنىڭ ئىپپىتىنى ساقلاشقا ئالدىراش، ئۆزىگە توي تەكلىپى قويغان دىندار، ئەخلاقلىق كىشىگە رازى بولۇشى، كۆڭلىنى ۋە ھاياتىنى ئىپىقسىز بولغان بىركىشىگىلا ئالاقىدار قىلىۋالماسلىقى كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا، توي قىلىش پۇرسىتىنى كەتكۈزۈپ قويىدۇ، باشقا كىشىلەر توي قىلىشنى تەكلىپىنى قويماستىن ئۆمرى بىكار ئۆتۈپ كېتىدۇ، بەلكى پۇرسەت كەتكەندە ۋە يېشى چوڭايغاندا ئۇ كىشىمۇ توي قىلىشنى رەت قىلىشى مۇمكىن.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.